


ئالتە شۇئار كوچىسى ئاككوردىيون مۇزىكا ئەترىتى:

# ئىتتىپاقلىق كۈيىنى ياڭرىتىپ ياخشى ئاۋاز يەتكۈزدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز
مېھرىگۇل غوپۇر

قىش ئاپتىپى سوغۇقنى ھەيدەيدۇ. 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، غۇلجا شەھىرىنىڭ ئازادلىق يولى كوچا باشقارمىسى ئالتە شۇئار كوچىسىنى كېسىپ ئۆتكەندە، ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە، ھەر خىل ئۇسلۇبتىكى ھويلا ـ ئارانلار كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى، كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان ھەر مىللەت ئاھالىلىرى ئۆزئارا قىزغىن سالاملىشىۋاتاتتى، ياشانغانلارنىڭ چىرايىدىن خاتىرجەملىك چىقىپ تۇراتتى ۋە قەدەملىرىنى توختىتىپ پاراڭلىشىۋاتاتتى، بالىلار خۇشال ـ خۇرام ئوينىۋاتاتتى...

ئالتە شۇئار كوچىسى غۇلجا شەھىرىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت كوچا رايونى بولۇپ، 1934 ـ يىلى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، رۇس قاتارلىق كۆپ مىللەت بۇ يەردە ئىناق ئولتۇراقلاشقان. 2009 ـ يىلى، غۇلجا شەھىرى كوچا رايونىدىكى قەدىمىي ئىمارەتلەرنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا، 180 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئۆزگەرتىش تۈرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئالتە شۇئار كوچىسىنىڭ خاسلىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ساقلاپ قېلىپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئاشۇرۇپ، بۇ يەرنىڭ كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيىتىنىڭ سېھرىي كۈچىنى تولۇق نامايان قىلدى، ئالتە شۇئار كوچىسىنىڭ يېڭى سېھرىي كۈچىنى ئۇرغۇتتى، كوچا رايونىنىڭ تونۇلۇش دەرىجىسىنى بارغانسېرى ئۆستۈردى. نۇرغۇن ساياھەتچى داڭقىنى ئاڭلاپ كېلىپ، بۇ يەردە ئېكسكۇرسىيە ساياھىتى قىلىپ، سۈرەتكە چۈشۈپ، تاماشا قىلدى.

ئالتە شۇئار كوچا رايونى لىڭگۇاڭ جېي 10 ـ كوچىسغا جايلاشقان غۇلجا شەھىرى ئالتە شۇئار كوچىسى تارىخ ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتى كۆرگەزمىخانىسى ساياھەتچىلەر ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان «داكا جاي» ئىدى. 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، يېقىملىق ئاككوردىيون ئاۋازى ساراي ئىچىدە ياڭرىدى، 1 ـ قەۋەتكە رەتلىك تىزىلغان سۈرەتلەردە، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن، ھەرقايسى مىللەتلەر قول تۇتۇشۇپ ئورتاق ئىلگىرىلىگەن تەسىرلىك ھېكايىلەر بايان قىلىنغانىدى.

ساز ئاۋازىغا ئەگىشىپ 2 ـ قەۋەتتىكى ئاككوردىيون ئەتىۋارلاپ ساقلاش سارىيىغا كەلسىڭىز، 800دىن ئارتۇق شەكلى نەپىس، رەڭگى ھەرخىل ھەم يىللار تۈيغۇسىغا ئىگە ئاككوردىيونلار كۆز ئالدىڭىزدا نامايان بولىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالتە شۇئار كوچىسى مەھەللىسىدىكى رۇس مىللىتىدىن بولغان ئاھالە ئالېكساندىر زازولىنىڭ يىغىپ ساقلىغان بۇيۇملىرى.

ئالېكساندىرنىڭ دادىسى ئىلگىرى ئاككوردىيون ئۇستىسى ئىدى، ئۇ ئون يېشىدىن باشلاپلا دادىسىغا ئەگىشىپ ئاككوردىيون چېلىش ۋە رېمونت قىلىشنى ئۆگەنگەن، 15 يېشىدىن باشلاپ ئاككوردىيون يىغىشنى باشلىغان، ھازىرغىچە، 27 دۆلەتنىڭ 800دىن ئارتۇق ئاككوردىيونىنى يىغىپ ساقلىغان. 2018 ـ يىلى غۇلجا شەھەرلىك ھۆكۈمەت 3 مىليون 670 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 1200 كۋادرات مېتىرلىق ئاككوردىيون ئەتىۋارلاپ ساقلاش سارىيى سالغان.

ئالېكساندىر نەچچە قېتىم كوچا باشقارمىسىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويۇن قويۇش پائالىيىتىگە قاتناشقاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئاھالىنىڭ ئاككوردىيوندا ئورۇنلانغان مۇزىكىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بايقاپ، ئۈچ قەدىناس دوستىنى تېپىپ بىرلىكتە ھەر خىل ئويۇنلارغا قاتناشقان. كېيىن يەنە ئوخشاش بولمىغان مىللەتتىن بولغان تۆت ئاككوردىيون چېلىش ھەۋەسكارى ئۇلارغا قوشۇلغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئاككوردىيون مۇزىكا ئەترىتىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ قۇرۇلغان. بۈگۈنكى كۈندە، بۇ مۇزىكا ئەترىتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان مىللەتتىن بولغان 13 نەپەر ئەزاسى بار.

مەيدان ـ سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ياسالغان سەھنىدە، ئالتە شۇئار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئاككوردىيون مۇزىكا ئەترىتىدىكىلەر پۈتۈن دىققىتى بىلەن «مەن ۋە مېنىڭ ۋەتىنىم» مۇزىكىسىنى ئورۇنلاۋاتاتتى، گۈزەل مېلودىيە كىشىلەرنى بىلىپ ـ بىلمەي ئەگىشىپ يېنىك ئاۋازدا غىڭشىپ ئېيتىشقا ئۈندەيتتى.

«ئالېكساندىر ئاكىمىز ئاغرىپ قاپتۇ، ئۇ تېلېفون قىلىپ، بىزگە ياخشى مەشىق قىلىڭلار دەپ تاپىلىدى، بىز يەنە بىرنەچچە مۇزىكىنى چېلىشنى مەشىق قىلىۋالايلى» دېدى مۇزىكا ئەترىتىنىڭ ئەزاسى خېيزاتۇللا ئەنۋەر كۆپچىلىكنى مەشىق قىلىشقا ئەستايىدىللىق بىلەن تەشكىللەپ.

ھەر ھەپتىنىڭ ئۈچى، بەشى كۆپچىلىك ئاككوردىيون ئەتىۋارلاپ ساقلاش سارىيىدا جەم بولۇپ بىرلىكتە مەشىق قىلىپ، خۇشاللىققا چۆمەتتى. كۆپچىلىك ئۆزئارا كېڭىشىپ، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، مۇزىكا چېلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىمۇ بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتى. «بىز بىرلىكتە مۇزىكا چېلىشنى ئۆگەندۇق، مەسىلەن: ‹مەن ۋە مېنىڭ ۋەتىنىم› ‹مودەنخان› ‹قارا يورغا› قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىز ياخشى كۆرىدىغان مۇزىكىلار» دېدى خېيزاتۇللا.

مۇزىكا ئەترىتى قۇرۇلغان ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، 100 مەيداندىن ئارتۇق ئويۇن قويدى، يەنە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «خەلق ناخشىلىرى . جۇڭگو» «ئالتۇن 100 سېكۇنت» قاتارلىق سەھنىلىرىگە چىقتى، خېيزاتۇللا بولتۇر «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخس» بولۇپ باھالاندى. بۇ يىل، ئۇ ئالېكساندىر ۋە مۇزىكا ئەترىتىنىڭ ئەزاسى گوشۇنمىن بىلەن بىرلىكتە 3 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى شىنجاڭ سودا ئۆمىكىنىڭ ئادەمىيەت ئالاقىسى كۆرگەزمە رايونىدا مېھمانلارغا مۇزىكا چېلىپ بېرىپ، كىشىلەرگە شىنجاڭ ياخشى ئاۋازىنى يەتكۈزدى.

«دۆلەت مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، مىللەتلەر مەدەنىيىتى ياخشى دەۋرگە ئۇچرىدى.» خېيزاتۇللا مۇنداق دېدى: «بىز ئوخشاش بولمىغان مىللەت، ئوخشاش بولمىغان كەسىپتىن بولساقمۇ، ئاككوردىيون سەۋەبلىك بىر يەرگە يىغىلدۇق، بۇ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىناق، بىللە ئۆتىدىغانلىقىنى ئەڭ ياخشى چۈشەندۈرۈش. بىز يېقىملىق ئاككوردىيون ئاۋازى بىلەن شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىم بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى، خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەۋاتقان بەختلىك تۇرمۇشىنى تەشۋىق قىلىمىز».

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تويبولدى بازارلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى يەن يەن مۇنداق تونۇشتۇردى: پۈتۈن بازار بويىچە 28 كالا بېقىش چوڭ ئائىلىسى بازىنغا ماكانلاشقان بولۇپ، باقمىچىلىقنى مەركەزلەشتۈرۈش باقمىچىلىق ئائىلىلىرىنى تېخىمۇ كۆپ ئېتىبار سىياسەتلىرىدىن، تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان چارۋا يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن قىلىدۇ.

كالا بېقىش چوڭ ئائىلىسى ئوسمان ئەمەر پەيزاۋات كەنتىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ ۋە ئوغلى بىر تەرەپتىن كالىغا يەم بېرىپ، يەنە بىر تەرەپتىن زامانىۋى چارۋىچىلىق ئائىلانما ئىقتىساد بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش بازىسىغا ماكانلىشىشنىڭ پايدىسىنى تەپسىلىي ساناپ بەردى: باقمىچىلىق مەركەزلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، كالىلارنىڭ «تۇرالغۇ، سۇ ئىچىش، كېسەلنى كۆرستىش» قاتارلىق شارائىتلىرى ياخشىلاندى، باقمىچىلىق ئائىلىلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىلمىي باقمىچىلىق ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىۋالدى. يېقىن ئەتراپتىكى پارنىك كۆكتات تېرىقچىلىق بازىسىدىكى كۆكتات پىلەكلىرى ۋە ئىشىنىدا ماتېرىياللارنى ئۇششاقلىغاندىن كېيىن كالىلارغا بېرىشكە بولىدۇ؛ ئەتراپتا 2000 مودىن ئارتۇق يەم ـ خەشەك بازىسى ئېچىلىدىغان بولۇپ، كالا تېزىكى ئۇنىڭغا ئەسقاتىدۇ. «كالىلار سەمرىپ يەر مۇنبەتلەشتى، مۇھىت ياخشىلاندى» دېدى ئوسمان.

بۇ بازىدا ئائىلانما ئىقتىساد كالا بېقىش بىلەن كۆكتات تېرىشنى بىرلەشتۈرۈشتىلا گەۋدىلىنىپ قالمىدى. بازىدا ھازىر 2000 تۇياقتىن ئارتۇق كالا بار بولۇپ، 60%ى كۆپەيتىلىدىغان كالا، قالغىنى بوردىلىدىغان كالا. بازا يەنە سويۇش، پىششىقلاش، يەم ـ خەشەك پىششىقلاش قاتارلىق تۈرلەرنى كىرگۈزۈپ، سۈپەتلىك نەسىل يېتىشتۈرۈشتىن تارتىپ مەھسۇلاتلارنى سېتىشقىچە بىر گەۋدە شەكىللەندۈرۈپ، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ھازىر يەنە نۇرغۇن باقمىچىلىق ئائىلىلىرى بازىغا كىرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، بىر قىسىم يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى باشلامچى كارخانىلار بازا بىلەن ھەمكارلىق مۇددىئانامىسى ئىمزالاپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىنچىكە پىششىقلاپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى كېرەكسىز ماتېرىياللارنى گۆھەرگە ئايلاندۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ.

شايار ناھىيەسى يىراق ـ يېقىنغا داڭلىق كېۋەز تېرىش چوڭ ناھىيەسى، قانداق قىلغاندا تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، زور مىقداردىكى كېۋەز غولى، پاختا تېرىپىدىن ياخشى پايدىلانغىلى بولىدۇ؟

شايار ناھىيەسىنىڭ قايلور بازىرى ئىتتىپاق كەنتىدە زامانىۋى كېۋەز تېرىقچىلىقى، پەرۋىش قىلىش تېخنىكىسى ئىنتايىن پىشىپ يېتىلدى، نۇرغۇن كەنت ئاھالىسى يەرلىرىنى ئوبوروت قىلىپ، خاس باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇردى. كەنتتە بۇغا باقمىچىلىقى كەسپىي ھەمكارلىق كوپراتىپى قۇرۇلدى، نۆۋەتتە، بۇ كوپراتىپقا 13 باقمىچىلىق ئائىلىسى قاتنىشىپ، بۇغا باقمىچىلىقى ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىدى.

«كەنتىمىزدىكى كېۋەز غولى، پاختا تېرىپى ھەممىدە كېۋەز غوزىكى بۇغىنىڭ قىشلىق ‹ئوزۇق ـ تۈلۈكى› بولۇپ قالدى. يازدا بۇغا ئاساسلىق سۆگەت شاخلىرىنى يەيدۇ، بىز يول ۋە ئېرىق ـ ئۆستەڭ بويلىرىغا نۇرغۇن سۆگەت تىكتۇق، ئىھاتە ئورمىنىمۇ بار بولدى، بۇغىلارمۇ يېتەرلىك يەم ـ خەشەككە ئىگە بولدى» دېدى ئىتتىپاق كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، قايلور بازىرى تارىم دەرياسى بۇغا باقمىچىلىقى كەسپىي ھەمكارلىق كوپراتىپىنىڭ كېڭەش باشلىقى ما باۋخېڭ.

باغ ـ ئورمانچىلىق شايار ناھىيەسىدىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى يەنە بىر يولى بولۇپ، يەرلىكنىڭ تېرىقچىلىق بىلەن باقمىچىلىقنى بىرلەشتۈرۈشمۇ باغ ـ ئورمانچىلىقتا ئىپادىلەندى. بۇ يىل، قايلور بازىرىنىڭ ئەگەچى كەنتى، دۈشەنبە بازار كەنتى قاتارلىق كەنتلەردە «باغ توخۇسى» باقمىچىلىقى مودا بولدى. ياڭاقلىق باغدا 2000 قارا توخۇ باققان دۈشەنبە بازار كەنتىدىكى باغۋەن ياسىن لوقمان مۇنداق دېدى: باغدا توخۇ باقساق، مېۋىلىك دەرەخلەرگە ئوغۇت يېتەرلىك بولىدىكەن، توخۇنىمۇ ياخشى ساتقىلى بولىدىكەن، كاتەكتىن چىقماستىنلا ئۆز يېرىمىزدىكى ئاشخانا، دېھقانلار ئارامگاھىنىڭ ھەممىسى زاكاز قىلىپ بولدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سۆيۈنۈش بىلەن، كەلگۈسى بەش يىلدا ئاھالىلەرنىڭ «پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر» ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، تەۋەلىكتىكى خىزمەتچىلەر، ئوقۇغۇچىلارنىمۇ ئائىلە دوختۇرى بىلەن كېلىشىم تۈزۈش ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇپ، كېسەل كۆرۈپلا قالماي، يەنە ئاھالىلەرنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، پۈتۈن ھاياتلىق دەۋرىنى ساغلاملىق مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەشنى ئۈمىد قىلىمەن. ھازىر، بىزنىڭ مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزىمىزگە كېلىپ دوختۇرغا كۆرۈنىدىغان ياشلار كۆپ ئەمەس، بىز ئۇلارنى ئىلمىي، قېلىپلاشقان ساغلاملىق بىلىملىرى بىلەن تەمىنلەپ، بىر تەرەپتىن لېكسىيە سۆزلەپ، بىر تەرەپتىن كېلىشىم ئىمزالاپ، ساغلاملىق بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن بىللە، خاسلاشقان ساغلاملىق يېتەكچىلىكى ئېلىپ بېرىپ، ساغلام تۇرمۇش شەكلىنى دائىملاشتۇرۇش، ئادەتكە ئايلاندۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە ئاھالىلەرگە ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشىمىز كېرەك. ساغلام جۇڭگو قۇرۇلۇشى ھەربىر ئادەمنىڭ قاتنىشىشىغا ئېھتىياجلىق، تىرىشچانلىقىم ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ئادەمنى ھاياتىي ساغلاملىققا كۆڭۈل بۆلۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى، تېخىمۇ كۆپ ئادەمنى ئۆز ساغلاملىقىنىڭ بىرىنچى جاۋابكارلىقىغا ئايلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

(پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز
سۇ لۇيىڭ رەتلىگەن)

---

## «تۆت ئەڭ قاتتىق» تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى تۆۋەن چېكىنى قەتئىي ساقلاش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

باشتىن ـ ئاخىر ئاممىنىڭ ھاياتى، ساغلاملىق بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى باش ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت قىلىپ، «كۆك ـ تاق» «ئاشلىق»نىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى مۇھىم ۋەزىپە قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش دائىملاشقان ۋەزىيەتتە يېمەكلىك بىخەتەرلىكى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، بولۇپمۇ سوغۇق زەنجىرسىمان يېمەكلىكلەرنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى تۆۋەن چېكىنى ساقلاپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكىدە ئاممىنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسى ۋە كاپالەتلىك قىلىش سەۋىيەسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈردى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: يېمەكلىك بىخەتەرلىكى مۇھىم، زور ئاساسىي خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسى، خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغدىغانلىق. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار سىياسىي يۈكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، «تۆت ئەڭ قاتتىق» تەلىپى بويىچە ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ، ھەربىر مۇداپىئە لىنىيەسىنى قەتئىي ياخشى ئىگىلەپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى تۆۋەن چېكىنى قەتئىي ساقلاپ، ئېتىزدىن تاماق ئۈستىلىگىچە بولغان پۈتكۈل جەريانى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يېمەكلىك پۈتۈن زەنجىرنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە خەلق ئاممىسىنىڭ تەن ساغلاملىقى ۋە ھاياتىي بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەلىپى بويىچە، يىل ئاخىرى ۋە يىل بېشىدىكى يېمەكلىك بىخەتەرلىكى خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، مەنبەدىن تۈزەشنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش خىزمىتى سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەۋەلىك بويىچە باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي چىڭىتىپ، خەۋپ ـ خەتەرنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سوغۇق زەنجىرسىمان يېمەكلىكلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يوچۇق قالدۇرماسلىق، قاراڭغۇ بۇلۇڭ قالدۇرماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. بايرام مەزگىلىدە يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەش ۋە سۈپەت بىخەتەرلىكىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بايراملىق ئىستېمال ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش كېرەك. مەكتەپ قورۇسى، ساياھەت مەنزىرە رايونى، مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە سورۇنلىرى، قاتناش مۇھىم يوللىرى قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەردىكى يېمەكلىك بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكىدە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش تەنەرخىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئەڭ قاتتىق» ۋە «پارتىيە، ھۆكۈمەت تەڭ مەسئۇل بولۇش» تەلىپىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېمەكلىك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئەركىن تۇنىياز، جارۇللا ھېسامىدىن يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قاتارلىقلارنى ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ، مال سېتىش باھاسى بازار باھاسىدىن 5% تۆۋەن.» شىنجاڭ جىكېشيا ھاسىلىي بايلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ۋۇ جياڭتاۋ مۇنداق دېدى: بۇ تاللا بازار «ئالاقە تورى + مەھەللە ئىگىلىكى + ھاسىلىي بايلىق» بىر گەۋدىلەشكەن توردا ۋە تور سىرتىدا ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان تاللا بازار بولۇپ، «كېرەكسىز، كونا بۇيۇملارغا يەنە نومۇر جۇغلاش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، ئادەتتە بىر يۈەن بىر نومۇر، ئاھالىلەر جۇغلىغان نومۇرغا كۆپ سوممىلىق تاۋارلارنى ئالماشتۇرالايدۇ، يەنە نەق مەيداندا تەڭ قىممەتتىكى تاۋارلارنىمۇ ئالماشتۇرالايدۇ، مەسىلەن: 40 كىلوگرام قەغەز يەشىككە بىر خالتا گۈرۈچ ئالماشتۇرالايدۇ».

بۇ تاللا بازار يەنە ۋېيشىن ئامموۋى نومۇرى، ۋېيشىن كىچىك پروگراممىسى ۋە يان تېلېفون يۇمشاق دېتالى ئارقىلىق سودا سارىيى، تاللا بازار، خىزمەت بىناسى، مەكتەپ، دوختۇرخانا، ئېلېكترونلۇق سودا، مەھەللە قاتارلىق جايلارنى كەسىپلەشكەن ھاسىلىي بايلىقنى ئۆيگە كېلىپ يىغىۋېلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، ھاسىلىي بايلىقنى يىغىۋېلىپ قايتا پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

كورلا شەھىرى لىشياڭ كوچا باشقارمىسى دېلىن مەھەللىسىدىكى 1 ـ شۇجى شيۇڭ شياۋچىن مۇنداق دېدى: «ئالماشتۇرۇش تاللا بازىرى بولغاچقا ئولتۇراق رايونىنىڭ مۇھىتى ياخشىلاندى، بىنا كارىدورىغا كېرەكسىز بۇيۇملارنى دۆۋىلەپ قويۇشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئوت مۇداپىئە يوشۇرۇن خەۋپى تۈگىتىلدى.» ئالماشتۇرۇش تاللا بازىرىنىڭ كۈندىلىك بۇيۇملار ماركېتى شەكلى ئاممىنىڭ شەھەر ھاسىلىي بايلىقنى يىغىۋېلىپ پايدىلىنىشقا قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىشتىكى مەنبەلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا كۈچ قوشۇپ، ھاسىلىي بايلىقنى يىغىۋېلىش نىسبىتىنى ئۆستۈردى.

نۆۋەتتە، 2000غا يېقىن ئاھالە كېرەكسىز بۇيۇملارغا 2000دىن ئارتۇق تاۋار ئالماشتۇردى، يىغىۋېلىنغان ئەخلەت 20 توننىدىن ئاشتى.

«كېلەر يىلى، شىركىتىمىز كورلا شەھىرىدىكى تېخىمۇ كۆپ چوڭ تىپتىكى مەھەللىلەرگە ھاسىلىي بايلىق ئالماشتۇرۇش تاللا بازىرى ئورۇنلاشتۇرۇپ ھەم بۇ ئەندىزىنى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تەدرىجىي ئۆرنەك قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىشقا كۈچ قوشۇپ، شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ ھاسىلىي بايلىقتىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى ئۆستۈرىدۇ» دېدى ۋۇ جياڭتاۋ.